# 9 ـ تۈركۈمدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلىپى بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى بۇرچىمىز دەپ بىلىپ، شىنجاڭنى يۇرتىمىز دەپ بىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرمىللەت كادىرلار، ئاممىلار بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغداپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە كۈچلۈك ياردەم بېرىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ مول نەتىجە بېرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلارغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى، كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بېغىشلىدى.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: ئۈچ يىلدىن بۇيان، 9 ـ تۈركۈمدە مەركەز ئورۇنلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئۇلۇغ سۆيگۈ پۈتۈپ، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنى مەسئۇلىيەت بىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنى كېزىپ، چۆل ـ باياۋانلاردا تەر ئاققۇزۇپ، ئەقىل ـ پاراستى ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قالتىس كىشىلىك ھايات ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ، مۇتلەق سادىق سىياسىي پەزىلىتى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان قەيسەر ئىرادىسى، جاسارەت بىلەن ئىسلاھ قىلىدىغان يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلقنى كۆزلەيدىغان چاكارلىق ھېسسىياتى، پۇختا، كۈچلۈك خىزمەت ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئوتتەك قىزغىن ئەمەلىيىتى جەريانىدا چېنىقىپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ دەۋر مارشىنى ياڭرىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرگە ئايلاندى.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەم ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىلار شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن ئورۇنلار ۋە شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلايدۇ. 9 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ شىنجاڭنى ئىككىنچى يۇرتۇم دەپ بىلىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش دوستلۇقىنى ئۇنتۇماي، ياخشى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. 9 ـ تۈركۈمدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بەرگەن كادىرلار، ئىختىساسلىقلار، ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ياردەمگە ئېرىشكۈچى ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇزۇپ تاشلاپ، سانجى ئوبلاستىنى پەن ـ تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش سىياسىتىنىڭ تەجرىبە رايونى، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش ئېكولوگىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش ئۈلگە رايونى، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش ئۈلگە رايونى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر توپلاشقان ئۈلگە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك ئەقلىي تىرەك ۋە پەن ـ تېخنىكا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەنىۋى تىرەكتىن ئايرىلالمايدۇ.» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئۇزۇن تالالىق پاختا تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى كۇڭ جيې بۇ توغرىسىدا چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە. ئۇ مۇنداق دېدى: «2019 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 84%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، نەتىجىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى دەل بىر ئەۋلاد، يەنە بىر ئەۋلاد پاختىكارلارنىڭ ‹باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشتەك يېڭىلىق يارىتىش روھى›نى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ياش پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پېشقەدەم ئالىملارنى ئۈلگە قىلىپ، پۇختا قەدەم ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، شىنجاڭ پاختىسىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمەن».

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىدە كەڭ ئالىملار ۋە پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ تارىخىي بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى زىممىگە ئېلىشى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، بىزگە خىزمەت يۆنىلىشى ۋە كۆرەش نىشانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.» شىنجاڭ داشۆ خىمىيە سانائىتى شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى جاۋ لىلى مۇنداق بىلدۈردى: «بۇنىڭدىن كېيىن، مەن پەن تەتقىقات بىلەن ئوقۇتۇشنى يەنىمۇ بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى تولۇق يېتىلدۈرۈپ، جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزۈم ئۈلگە بولۇپ ئوقۇغۇچىلارنى توغرا پەن تەتقىقات قارىشىنى تۇرغۇزىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ياش ئىختىساسلىقلارنى تېز سۈرئەتتە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىي قوشۇنىغا ئايلاندۇرىمەن».

شىنجاڭ يىندولەن ئۇيغۇر تېبابەتى دورىلىرى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى چېن جۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى يېڭى پىكىر يولى بىلەن تەمىنلىدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، يىندولەن پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، مۇكەممەل بولغان ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ھەمكارلىق مېخانىزمى ئارقىلىق يېڭى دورىلارنى ئاچتى، تەتقىق قىلدى، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچى قوزغىتىلدى، پەن ـ تېخنىكا تەتقىق قىلىش، ئېچىش قوشۇنى مۇقىم بولدى، يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى. كەلگۈسىدە شىركەت تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، جۇڭيى دورىلىرى، مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى كەسپىلەشتۈرۈش تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.» قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ تېخنىكى تۇنساگۇل ۋاسىل مۇنداق بىلدۈردى: «ئاساسىي قاتلامدىكى ئورمانچىلىق پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بىرىنچى سەپتە داۋاملىق يىلتىز تارتىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە بەخت يارىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئورمانچىلىقنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن».

**(مۇخبىر شىي خۇيبىيەن، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يۈۋجۈن، خەن چىنيەن، جاۋ شىيا، جاۋ يۈ)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«تۆت ئىشەنچ»نى چىڭتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ كۈچلۈك سالماق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادىنى چىڭتىپ، ئىرادە، چىدامىلىقنى ساقلاپ، كۈچنى سىجىل مۇجەسسەملەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىلچە بوشاشماي دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتتە، يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا بولغان تەسىرىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئائىلىگە قاراپ تەدبىر يۈرگۈزۈپ، بىر ئادەمگە بىر تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇم سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش، قايتا نامراتلىشىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش كېرەك. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسەت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشنى ياخشى تۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلار نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرى ۋە نامرات نوپۇسقا دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قاراتمىلىق ھالدا ياخشى ئىشلەپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ سۈپىتى ۋە نەپ بېردىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇقىم ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇكاپات ـ تولۇقلىمىسى قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن ياردەم بېرىش ۋە ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنى سىياسىتىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ياخشى ئىشلەپ، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ماركىسىنى يارىتىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس پوكىيى، مەخسۇس سارىيى، مەخسۇس رايونى قاتارلىقلارنى ياخشى قۇرۇپ، رايون خاراكتېرلىك، مەخسۇس تۈر قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى «ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېيى» پائالىيىتىنى كەڭ دائىرىدە تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئالغا سىلجىتىدىغان تۇتقا شەكىللەندۈرۈپ، ياخشى سىياسەت ئارقىلىق نامرات ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تەلىپىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يەنىمۇ يېنىكلىتىپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، پۇختا ئىشلەپ، يەنىمۇ پۇختا ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زىممىسىگە ئېلىپ، دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۈزلىنىشتە، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىشتە، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىشتە، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پەن ـ تېخنىكىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى پىلانلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك كۈچەپ، دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىدا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. تيەنگۇڭ، جياۋلۇڭ، تيەنيەن، ۋۇكۇڭ، موزى، چوڭ ئايروپىلان، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول، بېيدوۋ قاتارلىق مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كەلدى. پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولدى، بىر قىسىم ئالدىنقى سەپ ساھەلىرى تەڭ يۈگۈرۈش، يېتەكلەپ يۈگۈرۈش باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى مىقدار جۇغلاشتىن سۈپەتكە قاراپ ھالقىپ، نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىن سىستېمىلىق ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، كەڭ پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكنى داۋالاش، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىش ـ ئېچىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق كۆپلىگەن مۇھىم ساھەلەردە پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى، مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن ئىچكى ـ تاشقى مۇھىتتا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولدى، دۆلىتىمىزنىڭ «14 ـ بەش يىللىق» مەزگىلدىكى ھەمدە تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىشكە تېخىمۇ جىددىي تەلەپ قويىدۇ. بىز جەزمەن شۇنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنىڭ ئېھتىياجى، خەلقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئېھتىياجى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى ئوڭۇشلۇق باشلاشنىڭ ئېھتىياجى. ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ھەل قىلىش لايىھەسىگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ، ھەممىسى يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەسكىن خەلقئارا رىقابەت ئالدىدا، يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشتە، بىز جەزمەن دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭىلىق يارىتىش يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك، بولۇپمۇ دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، تېخىمۇ كۆپ «0دىن 1گىچە» بولغان بۆسۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ۋەزىيەت ئادەمنى ئالدىراتماقتا، خىرىس ئادەمنى ئالدىراتماقتا، بۇرچ ئادەمنى ئالدىراتماقتا. دۆلىتىمىزدىكى كەڭ ئالىملار ۋە پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، پۇرسەتنى ئالدىن ئىگىلەپ، مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىنى نىشانلاپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، تارىخ يۈكلىگەن پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭى دەۋردە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

يېڭىلىق يارىتىش بۈگۈنكى دەۋردىكى مۇھىم، زور تېما، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپلەر ئۆزگىرىشى تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى تېزلىتىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. دۆلىتىمىز نۇرغۇن پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىگە، كۆلىمى زور تەتقىق قىلىش، ئېچىش سېلىنمىسىغا ئىگە، ئاچقۇچ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېكولوگىيەسىنى ياخشىلاپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، كەڭ ئالىملار ۋە پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىگە تالانتىنى نامايان قىلىدىغان سەھنە ھازىرلاپ بېرىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلتۈرۈشتە. ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەنىۋى تىرەكتىن ئايرىلالمايدۇ، ۋەتەننى قەلبىگە پۈكۈش، خەلققە مۇلازىمەت قىلىشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، باتۇرلۇق بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەش، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشتەك يېڭىلىق يارىتىش روھى، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىشتا ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان بولۇشتەك ئەمەلىيەتچىل بولۇش روھى، نام ـ مەنپەئەت قوغلاشماسلىق، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشتەك ماسلىشىش روھى، ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىپ باشقىلارغا ياردەم بېرىش، كېيىنكىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەشتەك ئادەم تەربىيەلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، تىرىشىپ مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىجاد قىلغۇچىلار، پەن ـ تېخنىكا كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغۇچىلار، ئالىيجاناب ئىدىيە، پەزىلەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلەر، ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلاردىن بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەپ، بىلىمنى ھۆرمەتلەپ، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەپ، ئىجادىيەتنى ھۆرمەتلەپ، ئىلمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشى ھەمدە رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

«بارلىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك.» بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، دۆلىتىمىزدىكى كەڭ ئالىملار ۋە پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەننىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ، پەن ـ تېخنىكا مۆجىزىلىرىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئىشەنچى، ئىرادىسى، ئىقتىدارى بار.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**